# ليلة القدر

خير من ألف شهر

وَمَا أَدْرَاكَ مَا لَيْلَةُ الْقَدْرِ

قەدرى كېچىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

# وَمَا أَدْرَاكَ مَا لَيْلَةُ الْقَدْرِ

## قەدىر كېچىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

شەيخ ئەبۇ ئۆمەر ئۇسامە

(اللە ئۇ كىشىنىڭ قەدەملىرىنى سابىت قىلسۇن!)

تۈركىستان ئىسلام پارتىيىسى ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

الحمد لله رب العالمين والصلاة والسلام على أشرف الأنبياء والمرسلين نبينا محمد وآله وصحبه أجمعين.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن:

الله تعالى نىڭ رازىلىقى ۋە بارچە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن، قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب جامائىتىمىزدىكى قېرىنداشلار تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىندى. ئۇشبۇ تەرجىمىنى ئەلۋەتتە كەمچىلىكتىن خالىي دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما الله نىڭ كىتابىغا، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈننىتىگە ۋە ساھابىلەرنىڭ چۈشەنچىسىگە قارشى كەلگەن ھەرقانداق بىر نەرسىدىن بىز ئادا - جۇدامىز.

توغرا قىلغان بولساق الله تعالى نىڭ پەزلى - رەھمىتىدىن، خاتا قىلغان بولساق ئۆزىمىزدىن. شۇڭا ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ خاتا كەتكەن يەرلىرىنى تۈزىتىپ بېرىشىنى ۋە سەممىي نەسىھەت قىلىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمىز!

ئاخىرىدا، بۇ كىتابنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە باشقىلارغا تەۋسىيە قىلغان قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ ياردىمى، مەغفىرىتى ۋە ئېھسانىنى تىلەيمىز، شۇنداقلا بۇ كىتابنى نەشىردىن چىقىرىش جەريانىدا تەرجىمە - تەھرىر ۋە بېسىپ تارقىتىلىشىغا خالىس ياردەم قىلىپ كۈچ چىقارغان بارلىق قېرىنداشلىرىمىزنى سالىھ دۇئالىرىڭلاردا ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭلارنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمىز!

الله تعالى بۇ كىچىككىنە ئەمىلىمىزنى ئۆزى قوبۇل قىلسۇن ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەنپەئەتلىك قىلىپ بەرسۇن، ئامىن!

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

پۈتۈن ئالەمنىڭ رەببى اللّٰه تعالى غا چەكسىز ھەمدۇ - سانالار بولسۇن! سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھسسالامغا دۇرۇد ۋە سالاملار بولسۇن! ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە، ھىدايەتكە ئەگەشكەن ۋە قىيامەت كۈنىگىچە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈننەتلىرىنى تۇتۇپ ماڭغان كىشلەرگە اللّٰه نىڭ رەھمەت ۋە مەغپىرىتى بولسۇن!

مەقسەتكە كەلسەك، اللّٰه تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿شَهْرُ رَمَضَانَ الَّذِي أُنْزِلَ فِيهِ الْقُرْآنُ هُدًى لِلنَّاسِ وَبَيِّنَاتٍ مِنَ الْهُدَى وَالْفُرْقَانِ﴾ «رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر».[1]

رامىزاننىڭ چىقىپ كېتىشىگە پەقەت بىر قانچە كۈنلا قالدى. قانچىلىغان كىشلەر مۇبارەك رامىزاننىڭ قىممەتلىك ۋاقىت - سائەتلىرىنى ۋە كېچە - كۈندۈزلىرىنى زايە قىلىۋەتتى - ھە!؟ بۇ ئاي — ئىلگىرىكى يوقىتىپ قويغان نەرسلەرنىڭ ئورنىنى تولۇقلىۋالىدىغان ياخشى پۇرسەت، ھەربىر مۇئمىننىڭ بۇ قىممەتلىك ۋاقىتلاردا تائەت - ئىبادەتلەرگە قىزىقىشى ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى تولىمۇ زۆرۈر. شۇنداقلا بۇ مۇبارەك كۈنلەردە

[1] سۈرە بەقەرە 185- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ئۈلگە قىلىپ، ئەمەللىرىنىڭ قوبۇل بولۇشى ۋە مەغپىرەتكە ئېرىشىشى ئۈچۈن، ياخشى ئەمەللەرگە ئالدىرىشى لازىم.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنى كىرسە، كېچىلىرىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى، ئائىلىسىدىكىلەرنى ئويغۇتاتتى ۋە بېلىنى چىڭ باغلايتتى (يەنى ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن ساقلىناتتى)».[1]

بۇ ھەدىس — رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۆز ئەھلىلىرىنى بۇ كېچىنىڭ پەزىلىتىنى تېپىشقا قىزىقتۇرغانلىقىغا دەلىلدۇر. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ كېچىلەرنىڭ پەزىلىتىنى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئاخىرقى ئون كۈندە ئاياللىرىدىن ئايرىلاتتى ۋە تائەت - ئىبادەتلەر بىلەن مەشغۇل بولاتتى.

مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە: «رەسۇلۇللاھ ﷺ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈندە، ئىبادەتتە باشقا ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا بەكرەك تىرىشچانلىق كۆرسىتەتتى» دېيىلگەن.

ھەربىر مۇئمىننىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئوخشاش ئاخىرقى ئون كۈندە تائەت - ئىبادەتلەردە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، رامىزان كۈنلىرىنى ۋە بەرىكەتلىك كېچىلەرنى زايە قىلماسلىقى تولىمۇ زۆرۈر. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى اللہ نىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ۋە ساۋاب ئۈمىد

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

قىلغان ھالدا رامىزان روزىسىنى تۇتسا ، ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ».①

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى اللہ نىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا رامىزان كېچىسى تەراۋىھ ئوقۇسا ، ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ».②

قەدىر كېچىسى ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە اللہ تەئالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا أَنْزَلْنَاهُ فِي لَيْلَةِ الْقَدْرِ ۞ وَمَا أَدْرَاكَ مَا لَيْلَةُ الْقَدْرِ ۞ لَيْلَةُ الْقَدْرِ خَيْرٌ مِنْ أَلْفِ شَهْرٍ۞﴾ «بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن شەبى قەدىردە نازىل قىلدۇق [1]. شەبى قەدىرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ [2] شەبى قەدرى (شەرەپ ۋە پەزىلەتتە) مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر[3]».③

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى اللہ نىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا قەدىر كېچىسى تۇرسا ، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ».④

بۇ كېچىدىكى ئىبادەت — 83 يىللىق ئىبادەت ياكى مىڭ ئايلىق ئىبادەتتىن ئەۋزەل. اللہ تەئالى بۇ رامىزان كۈنلىرى ۋە كېچىلىرىدە ، اللہ تەئالى

① بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

③ سۈرە قەدر 1-3 ئايەت.

④ بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئىتائەتكە مۇۋەپپەق قىلغان كىشى تولىمۇ بەختلىك كىشى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا بۇ رامىزان ئېيىنىڭ ئەجرىدىن ۋە ساۋابلىرىدىن مەھرۇم قالغان كىشى اللە تعالى نىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ. ھەقىقەتەن ئىتائەتنىڭ ئاجىز بولۇشى قەلبتە كېسەل بارلىقىغا دەلىل بولىدۇ. ئىتائەتتىن پەقەت قەلبى پىتنىگە چۈشۈپ قالغان ۋە ئىرادىسى بوشىشىپ قالغان كىشىلا ئاجىزلاپ قالىدۇ.

اللە تعالى قەلبىگە ياخشىلىق ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتكەن ، ئىتائەتنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن ، بۇ كۈنلەرنى پەقەت اللە تعالى ياخشى كۆرگەن ۋە اللە تعالى رازى بولغان نەرسىلەر بىلەنلا غەنىيمەت بىلگەن كىشى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بەختلىكراقى ھېسابلىنىدۇ ؛ ھەقنى تونۇپ تۇرۇپ ئۇنى تەرك ئەتكەن ، ياخشىلىقنى تونۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن ، ۋاقىتلىرىنى ، كۈنلىرىنى بىھۇدە ئىشلار بىلەن زايە قىلغان ۋە اللە تعالى دىن يىراق بولغان كىشى — ئەڭ بەختسىز كىشى ھېسابلىنىدۇ.

رامىزاننىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە تائەت - ئىبادەتلەردە سۇسلۇق قىلغان مۇئمىن ، قالغان كۈنلىرىدە بولسىمۇ تولۇقلىۋېلىشقا تىرىشسۇن!

مۇئمىن كىشى اللە تعالى ئىنئام قىلغان ساقلىق ، خاتىرجەملىك ۋە بوش ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىشى لازىم. ياخشىلىقتىن ۋە ئىتائەتتىن مەھرۇم قالغان كىشى تولىمۇ بەختسىز ئىنساندۇر.

قەدىر كېچىسى قىيامدا تۇرۇش ھەققىدە ئىبنى مۇنزىر مۇنداق دېگەن: «قەدىر كېچىسىدە قىيامدا تۇرۇش ئارقىلىق چوڭ - كىچىك بارلىق گۇناھلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى ئۈمىد قىلىنىدۇ».

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيەدىن «زۇلھەججىنىڭ ئون كۈنى بىلەن رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈندىن قايسىسى ئەڭ ئەۋزەل؟» دەپ سورالغاندا، ئىبنى تەيمىيە: «زۇلھەججىنىڭ ئاۋۋالقى ئون كۈنى رامىزاننىڭ ئاۋۋالقى ئون كۈندىن ئەۋزەل، شۇنداقلا رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كېچىسى زۇلھەججىنىڭ ئون كېچىلىرىدىن ئەۋزەل بولىدۇ» دەپ جاۋاپ بەرگەن.[1]

رەسۇلۇللاھ ﷺ قەدىر كېچىسىنى ئىزدەيتتى، ساھابىلىرىنىمۇ ھەم شۇ كېچىنى ئىزدەشكە بۇيرۇيتتى ۋە ئاخىرقى ئون كېچىدە ئۇنىڭ پەزىلىتىنى تېپىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەھلىنى ئويغۇتاتتى.

«المسند» ناملىق كىتابتا كەلگەن مەرفۇئ ھەدىستە، ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: «كىمكى قەدىر كېچىسىنى ئىزدەپ قىيامدا تۇرسا، ئاندىن قەدىر كېچىسىنى تاپسا، ئۇ كىشىنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ».

مۇسۇلمانلار رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە پۇرسەتنى زايە قىلىۋەتمەسلىكى، ئىتائەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، كېچىلىرى قىيامدا تۇرۇشى ۋە الله تعالى نىڭ ھۇزۇرىدا نىجات تاپقۇچىلاردىن بولۇشى ئۈچۈن قەدىر كېچىسىنى غەنىيمەت بىلىشى لازىم.

بەس، يېتەرلىك ئى قېرىنداش ئۇيقۇڭ ئەمدى،

يېقىنلاشتى رەب ۋەدىسىن خۇشبۇيى ھىدى.

---

[1] «مجموع الفتوى» 25- توم 287- بەت.

لازىم تۇتۇپ قەدىر كەچنى بىدار بولۇپ ،

گۇناھلاردىن پاك بولۇشنىڭ پەيتى كەلدى.

ﷲ تەئالى ئۆز بەندىلىرىگە رەھمەت قىلىپ ، ھەتتاكى كىشىلەرنىڭ ئۇ كېچىنى ئىزدىشى ، ئىبادەتنى كۆپ قىلىشتا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ۋە ئۇ بەرىكەتلىك كېچىدە قىيامدا تۇرۇشنىڭ ئەجرىنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىشى ئۈچۈن ، قەدىر كېچىسىنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى مەخپىي قىلدى.

ئى گۇناھكار مۇئمىن ، بۇ بەرىكەتلىك كېچىنى غەنىيمەت بىلگىن ۋە ﷲ تەئالى غا يېقىنلىشىۋالغىن! ئۇ — ئۆمۈردىن بىر پۇرسەتتۇر.

ئۆلىمالار قەدىر كېچىسىنىڭ مەخپىي قالدۇرۇلۇشىنىڭ ھېكمىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنى ئىزدەشتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن مەخپىي قالدۇرۇلغان ، ئەگەر ئۇ كېچىنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى ئوچۇق بولغان بولسا ئىدى ، كىشىلەر ئەجىرلەرگە سەل قارىغان بولاتتى».

بەغەۋى رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ﷲ تەئالى بۇ ئۈممەتنىڭ رامىزان كېچىلىرىدە ئۇنى تېپىشنى ئىزدەپ ، ئىبادەتكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئۈچۈن ، ئۇ كېچىنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى مەخپىي قىلدى».[1]

ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرگە قەدىر كېچىسىدىن خەۋەر بېرىش ئۈچۈن چىققان ئىدىم ، پالانى - پۇكۇنى

[1] «تفسير البغوي» 8-توم 490- بەت.

جىدەللىشىپ، ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش مەندىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، بەلكىم ئۇنىڭ مەندىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى سىلەرگە نىسبەتەن ياخشى بولۇشى مۇمكىن. سىلەر قەدر كېچىسىنى توققۇزىنچى، يەتتىنچى ۋە بەشىنچى كېچىلىرى ئىزدەڭلار (يەنى رامىزاننىڭ يىگىرمە بىرىنچى، يىگىرمە ئۈچىنچى ۋە يىگىرمە بەشىنچى كېچىلىرى)».[1]

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسان گەرچە ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى بىلمىسىمۇ، چوقۇم ئۇنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ ‹ئۇنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى بىلگەن ھالدا...› دېمىدى، بەلكى ‹كىمكى الله نىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا...› دېدى. ئەگەر ئۇنىڭ قاچان بۇلىدىغانلىقىنى بىلىش ئۇ ساۋابنىڭ ھاسىل بولۇشىنىڭ شەرتى بولغان بولسا ئىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى ئەلۋەتتە بايان قىلىپ بەرگەن بولاتتى».

ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭ قايسى كېچىدە ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، ئۇ بولسىمۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزنى تۈنەشكە بۇيرىغان كېچە بولغان يىگىرمە يەتتىنچى كېچىنىڭ دەل ئۆزىدۇر».[2]

ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەدر كېچىسىنىڭ قاچان بولىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزگە ئۇنىڭ

---

[1] بۇخارى رىۋايىتى.

[2] مۇسلىم رىۋايىتى.

ئالامىتىنى خەۋەر بەرگەن، ھەقىقەتەن قەدىر كېچىسى ئەتىگىنى قۇياش نۇرسىز ھالەتتە چىقىدۇ» دېدى.[1]

ھافىز ئىبنى ھەجەر «فتح الباري» دېگەن كىتابىتا مۇنداق دەيدۇ: «سۆزنىڭ ئەڭ كۈچلۈكراقى، قەدىر كېچىسى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىنىڭ تاق كېچىلىرىدە بولىدۇ».[2]

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن ئۇ كېچىنىڭ «قەدىر كېچىسى» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

1. ئۇ — ئەڭ شەرەپلىك كېچە بولغانلىقى ئۈچۈن «قەدىر كېچىسى» دەپ ئاتالدى. خۇددى «پالانى قەدىرلىك ئىنسان ۋە شەرەپلىك كىشى» دېيىلگىنىدەك.

2. ھەقىقەتەن ئۇ كېچىنىڭ شۇ يىلدىن قاچان بولىدىغانلىقى ئۆلچىنىدۇ ۋە ئاشۇ يىلدا قىلغان ئەمەللىرى پۈتۈلىدۇ، بۇ الله تعالى نىڭ ھېكمىتى ۋە يارىتىشىنىڭ مۇكەممەللىكىدىندۇر.

3. ئۇ كېچىدىكى ئىبادەتنىڭ ئەجرى بەكمۇ كاتتىدۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «كىمكى الله نىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلغان ھالدا قەدىر كېچىسى تۇرسا، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ».[3]

---

[1] مۇسلىم رىۋايىتى.

[2] «فتح الباري» 4- توم 266- بەت.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

بۇ كېچىدىكى دۇئانىڭ پەزىلىتىگە كەلسەك، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئەگەر مەن قەدىر كېچىسىنى تاپسام نېمە دەيمەن؟» دەپ سورىۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: « ‹اللَّهُمَّ إِنَّكَ عَفُوٌّ تُحِبُّ الْعَفْوَ فَاعْفُ عَنِّي› (ئى اللە، سەن ھەقىقەتەن ئەپۇ قىلغۇچى زاتسەن، ئەپۇ قىلىشنى ياخشى كۆرسەن، مېنى ئەپۇ قىلغىن!) دېگىن» دېدى.[1]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «ئەگەر مەن قەدىر كېچىسىنى تاپسام، اللە تىن پەقەت ئەپۇ قىلىشنى ۋە سالامەتلىكنى سورايمەن».[2]

ئىبنى رەجەب رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ قەدىر كېچىسى ۋە ئاخىرقى ئون كېچىدە ئەمەللەردە تىرىشىپ، قەدىر كېچىسىدە اللە تائالادىن گۇناھنى ئەپۇ قىلىشنى سوراشقا بۇيرۇدى. چۈنكى اللە تائالانى ھەقىقىي تونۇغۇچىلار ياخشى ئەمەللەرگە تىرىشىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالى ۋە سۆزلىرىدە ياخشى ئەمەلنى ھېس قىلمايدۇ، شۇنداقلا ئۇلار كەمچىلىك ئۆتكۈزۈپ گۇناھ قىلغان كىشىگە ئوخشاش اللە تائالادىن گۇناھنى ئەپۇ قىلىشنى سورايدۇ».

سۇفيان سەۋرى مۇنداق دېگەن: «قەدىر كېچىسى دۇئا قىلىش ماڭا ناماز ئوقۇشتىنمۇ سۆيۈملۈكراقتۇر».

---

[1] ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئىمام زەھەبى رىۋايەت قىلغان.

سىز بۇ كۈندە مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭىزغا دۇئا قىلىشنى ئۇنۇتماڭ ، دۇئا بولسا ، مۇئمىننىڭ قورالىدۇر. ئۈممەت ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن ئىتائەت ۋە دۇئا قىلىش بىلەن غەلىبە قازىنىدۇ ، بۇ ئاخىرقى كۈندىكى ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى — اللّٰه يولىدا رىباتتا تۇرۇشتۇر.

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ اللّٰه تعالى يولىدا بىر كېچە رىباتتا تۇرۇشۇم ، مەن ئۈچۈن قەدىر كېچىسىنى ھەجەرۇل ئەسۋەدنىڭ قېشىدا ئۆتكۈزگىنىمدىن سۆيۈملۈكراقتۇر».[1]

ئەۋزەل ئەمەللەرنىڭ قاتارىدىن يەنە ، ئاخىرقى ئون كۈندە ئېتىكاپتا تۇرۇش. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ نى اللّٰه تعالى ۋاپات تاپتۇرغانغا قەدەر رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈندە ئېتىكاپتا ئولتۇراتتى ، رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن كېيىن ، ئاياللىرىمۇ شۇ كۈنلەردە ئېتىكاپتا ئولتۇرىدىغان بولدى».[2]

ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش: اللّٰه قا تائەت - ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن مەسجىدنى لازىم تۇتۇش دېگەنلىكتۇر.

ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۆلىمالاردىن بىرەر كىشىنىڭ ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىدە ، بولۇپمۇ ئاخىرقى ئون كۈنلىرىنىڭ ھەممىسىدە بۇ ئەمەلنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىدە ئىختىلاپ قىلىشقانلىقىنى بىلمەيمەن».

---

[1] ئەبۇ ھاتەم ۋە ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان. ئىبنى ھىببان «سەھىھ» دېگەن.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئىلگىرىكى سالىھ كىشىلەرنىڭ پۈتۈن غېمى — رامىزاننىڭ ئاخىرقى كېچىلىرىدىكى ئەمەللىرىنى ﷲ تعالى نىڭ قوبۇل قىلىشى ئىدى. رامىزان كەلسە ئۇلار مۇنداق دەيتتى: «رامىزان — ئاۋاتلىشىپ، ئاندىن تارقىلىپ كېتىدىغان بىر بازاردۇركى، ئۇنىڭدا پايدا ئالىدىغان كىشىلەر پايدا ئالىدۇ ۋە زىيان تارتىدىغان كىشلەر زىيان تارتىدۇ».

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رامىزاننىڭ ئاخىرقى كېچىلىرىدە مۇنداق نىدا قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «كاشكى بىلگەن بولسام، ئەملى قوبۇل بولغان كىشىلەرنى تەبرىكلەيتتۇق؛ ئەجرىدىن مەھرۇم قالغان كىشىلەرگە تەزىيە بىلدۈرەتتۇق».

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئەملى قوبۇل بولغان كىشى، ساڭا خۇش مۇبارەك بولسۇن! ئى ئەملى قايتۇرۇلغان كىشى، ﷲ سېنىڭ مۇسىبىتىڭنى ياخشىلاپ بەرسۇن!».

ئىبنى رەجەب رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئىلگىرىكى سالىھ كىشلەر (ﷲ ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) ﷲ تعالى نىڭ ئۆزلىرىنى رامىزان ئېيىغا يەتكۈزۈشنى تىلەپ، ئالتە ئاي دۇئا قىلاتتى؛ ئاندىن كېيىن رامىزاندىكى ئەمەللىرىنىڭ قوبۇل بولۇشىنى تىلەپ، ئالتە ئاي دۇئا قىلاتتى».

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز رەھمەھۇللاھ مىسىرلىقلارغا رامىزاننى ئىستىغپار ۋە فىتىر سەدىقىسى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشنى بۇيرۇپ خەت يازغان ئىدى، چۈنكى فىتىر سەدىقىسى — روزا تۇتقۇچى ئۈچۈن بىھۇدە ئىش ۋە يامان گەپ - سۆزلەر تۈپەيلى قىلىپ سالغان گۇناھلىرىنى پاكلىغۇچىدۇر؛

ئىستىغپار ئېيتىش بولسا، بىھۇدە ئىش ۋە يامان گەپ - سۆزلەر تۇپەيلى روزىنى بىكار قىلىدىغان نەرسىلەرنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ.

ئى اللّٰه ، رامىزاندىكى ئەمەللىرىمىزنى قوبۇل قىلغىن!

ھەر بىر مۇئمىن پەقەت رامىزاندىلا ئەمەس، بەلكى رامىزان ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق ۋاقىتلاردىمۇ ئىتائەتكە ئالدىرىشى ۋە خۇداگۇي بەندىلەردىن بولۇشى لازىم.

بىشرۇلھافىيغا: «بىر تۈركۈم كىشىلەر پەقەت رامىزاندىلا تىرىشىپ ئىبادەت قىلىدۇ» دېيىلگىنىدە، ئۇ: «رامىزان ئېيىدىن باشقا ۋاقىتتا اللّٰه نىڭ ھەققىنى تونۇمايدىغان قەۋم نېمىدېگەن يامان قەۋم - ھە! سالىھ كىشى دېگەن، يىلبويى تىرىشىپ ئىبادەت قىلىدۇ» دېدى.

بىزنىڭ قەلبلىرىمىز قۇرئان ئېيى ۋە روزا ئېيىدىن ئايرىلغانلىقىغا، شۇنداقلا ئۇنىڭ كېتىپ قالغانلىقىغا غەمكىن بولۇۋاتىدۇ، لېكىن بىز قۇرئان بىلەن روزىنىڭ بىزنىڭ پايدىمىزغا ھۆججەت بولىدىغانلىقى ياكى زىيىنىمىزغا ھۆججەت بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز.

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «روزا ۋە قۇرئان قىيامەت كۈنى بەندىگە شاپائەت قىلىدۇ، روزا ئېيتىدۇ: <ئى رەببىم، مەن كۈندۈزى ئۇنىڭ تائام ۋە شەھۋەتلىرىنى چەكلەپ قويدۇم، ئۇ كىشى ھەققىدە مېنىڭ شاپائىتىمنى قوبۇل قىلغىن>. قۇرئان ئېيتىدۇ: <ئى رەببىم، مەن ئۇنى

كېچىلىرى ئۇخلاشتىن چەكلەپ قويدۇم، ئۇ كىشى ھەققىدە مېنىڭ شاپائەتىمنى قوبۇل قىلغىن›. شۇنىڭ بىلەن بۇ بەندە شاپائەت قىلىندۇ».[1]

ئاخىرىدا، اللہ تعالى دىن بىز ۋە سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى قوبۇل قىلىشىنى سورايمىز.

ئى اللہ، پۈتۈن يەر يۈزىدىكى سېنىڭ يولۇڭدا ئۇرۇش قىلىۋاتقان بارلىق مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىزغا نۇسرەت ئاتا قىلغىن!

وَالْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ!

---

[1] ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايىتى. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ليلة القدر

خير من ألف شهر

﴿شَهْرُ رَمَضَانَ الَّذِي أُنْزِلَ فِيهِ الْقُرْآنُ هُدًى لِلنَّاسِ وَبَيِّنَاتٍ مِنَ الْهُدَى وَالْفُرْقَانِ﴾

«رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر».

(سۇرە بەقەرە ـ185 ئايەتنىڭ بىر قىسمى).